# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
8
پەيشەنبە
维吾尔文 8月8日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24781 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


مىسىرنىڭ قاھىرەدە يۈز بەرگەن تېرورلۇق ھۇجۇمى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ مىسىر زۇڭتۇڭىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مىسىرنىڭ قاھىرەدە يۈز بەرگەن تېرورلۇق ھۇجۇمى مۇناسىۋىتى بىلەن مىسىر زۇڭتۇڭىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۆلىتىڭلارنىڭ پايتەختى قاھىرەدە ئېغىر تېرورلۇق ھۇجۇمى يۈز بېرىپ، ئېغىر، زور تالاپەت كۆرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈدۈم. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن قازا قىلغانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، يارىلانغانلار ۋە قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن، يارىلانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشمەن. جۇڭگو تەرەپ بارلىق شەكىلدىكى تېررورىزمغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، بۇ قېتىمقى تېررورلۇق ھۇجۇمىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ. جۇڭگو تەرەپ مىسىر تەرەپنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقنى قوغداش، تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ.

# ئارزۇ بىلەن تېخىمۇ ئېگىزگە، تېخىمۇ يىراققا پەرۋاز قىلىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭ غەم يېگەن خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى «ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش» قىسمى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

**[مۇقەددىمە]**

«ئىختىساسلىقلار كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ، مائارىپ ئارزۇنى رويابقا چىقىرىدۇ».

مائارىپ ھەربىر بالىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك، بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا رىشتە باغلىدى. ھەر قېتىملىق تىلەك ياشلىق ئارزۇسىنى ئۇرغۇتتى، ھەر قېتىملىق ھال سوراش مائارىپنىڭ ئۈمىدىنى يالقۇنجاتتى. ئۇ مائارىپتىكى ھەربىر «كىچىك ئىشلار»غا كۆڭۈل بۆلۈپ، «تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئادىل» مائارىپ ئارزۇسىنىڭ بالدۇرراق رېئاللىققا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىزىنى بويلاپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى قايتا زىيارەت قىلىش جەريانىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەربىر كۆرۈنۈش —— ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇشنىڭ تەدرىجىي ئىشقا ئېشىپ، جۇڭخۇا زېمىنىدىكى ھەربىر بالىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئارزۇ بىلەن تېخىمۇ ئېگىزگە، تېخىمۇ يىراققا پەرۋاز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**[بىرىنچى ھېكايە]**

**«بۇلۇت چوققىسى»دىكى بالىلار «مەكتەپكە بېرىش يولى»دىن غەم قىلمايدىغان بولدى**

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2700 مېتىر كېلىدىغان ئېگىز تاغقا جايلاشقان سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جاۋجۆ ناھىيەسىدىكى ۋاۋۇ باشلانغۇچ مەكتىپى يىل بويى تۇمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، «بۇلۇت چوققىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ ئاتالغان.

11 ياشلىق ئوغۇل بالا ئازو ۋۇلي بۇ يەردە 5 ـ يىللىققا ئۆرلەپ ئوقۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش دالىيەڭشەن تېغىدا ياشاۋاتقان ھەربىر يىزۇ بالا ياراقتىكى بېيجىڭدا مېھرىبان شى بوۋىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

2018 ـ يىلى چاغاننىڭ ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ داۋانلىرى تىك، جىلغىلىرى چوڭقۇر تاغ يولىنى بويلاپ، سىچۈەن دالىيەڭشەن تېغىنىڭ كېنىدىكىدىكى جاۋجۆ ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامرات ئاممىنى يوقلىدى. ئۇ كىچىك قىزچاق جىخاۋ يوۋگو ئېيتقان «دۆلەت بايرىقى، دۆلەت بايرىقى ھەقىقەتەن گۈزەل» دېگەن ناخشىغا قىزغىن چاۋاك چالدى، كەنت ئاھالىلىرىدىن «بالىلارنىڭ ئوقۇيالىغان ـ ئوقۇيالمىغانلىقى»نى سەممىيلىك بىلەن سورىدى.

تىك يار، چوڭقۇر ھاڭ بىلەن قورشالغان بۇ تۇپراقتا ئىلگىرى تاشيول تۇتاشمىغان، دۇنيادىن ئايرىلىپ دېگۈدەك تۇرۇۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن «تىك يارىدىكى كەنت» بار بولۇپ، بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىش يولى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. تۆت يىل ئىلگىرى، ئازو ۋۇلي ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەندە، «بۇلۇت چوققىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ»كە تېخى تاشيول تۇتاشمىغانىدى. يېشى كىچىك ئازو ۋۇلي ئېگىز ھەم تىك تاغ يولىنى بويلاپ پىيادە بىر سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندىلا، ئاندىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكتەپكە يېتىپ بارالايتتى.

ياشىنىپ قالغان مومىسىنىڭ ئىككىلا كۆزى ئەما بولۇپ، ئۇنىڭ بىرەر كۆڭۈلمىگەن ئەھۋالغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دائىم ئۆيدە يىغلاپ غەم قىلىپ ئولتۇراتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

## باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى جىن دېشۈي يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى يىڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركىزىي 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جىن دېشۈي ۋە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. يىغىندىن بۇرۇن، يىغىنغا قاتنىشىدىغان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قائىدىنى چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچقا سىلىشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



**تىيانشان ئېتىكىدە شوخلىلار قىزاردى**

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، خېجىڭ ناھىيەسى بارۇن خارمۇدۇن بازىرى چاغان ۋۇسۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى شوخلا يايماقتا (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايدا تېرىلغان شوخلىلار كەينى ـ كەينىدىن پىشىپ، ئۈزۈش، پىششىقلاش، قۇرۇتۇش باسقۇچىغا كىرىپ، مول ھوسۇللۇق مەنزىرە نامايان بولدى. □چۆ.خۇرە فوتوسى

## ھەقىقىي تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي تۈزىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش

### —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى

□مۇخبىرىمىز يۈەن لىي

مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش توغرىسىدىكى خىزمەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۈرۈپ، مەسىلىلەرگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بىلەن، بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

**■باشقىلار ئۈچۈن ئىش قىلىش ئاساسىي ئۆلچىمى، تۆۋەن چېكىنى ساقلاش**

مەركەزنىڭ تەلىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى پارتىيە نىزامنامىسى، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قانچە مىزان» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»نى سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيە نىزامنامىسى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

## تاڭ قۇياشى تىيانشانغا نۇر چاچتى چېگرا رايون يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى

### —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى توغرىسىدا زىيارەت

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى دادۇڭ، لىيۇ بىڭ

«ئالتۇن تاغ، كۈمۈش سۇ»لۇق ئالتاي ۋىلايىتىدىن «تاغلار ئەجدادى» بولغان ھەيۋەتلىك كوئېنلۇن تېغىغىچە، «ھالاكەت دېڭىزى» تەكلىماكان قۇملۇقىدىن «چېگرا بوستانلىقى» ئىلى دەريا ۋادىسىغىچە... 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالتىدىن بىر ئۈلۈش تۇپرىقىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىناقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ھەيۋەتلىك يۈكسەك رەسىمىنى ئورتاق سىزدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى ۋە مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى زور سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چۆرىدەپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا گۈللەپ تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيەسىدىكى شاپتۇللۇق بېكىتىدىن تۆرپان بېكىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا لاتقا شېغىللىق ئېقىن تۆپىلىدىن قاتناش ۋاقىتلىق توختىدى

### چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر بىرىنچى ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش، لىنىيەنى جىددىي رېمونت قىلىش، تۇرۇپ قالغان يولۇچىلارنى مۇلازىمەتتە كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تېزدىن ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى

گېزىتىمىز خەۋىرى. 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 17دىن 51 مىنۇتلار ئۆتكەندە، تاغلىق رايوندا ياغقان قارا يامغۇرنىڭ تەسىرىدە، لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيەسىدىكى شاپتۇللۇق بېكىتىدىن تۆرپان بېكىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۇيۇقسىز لاتقا شېغىللىق ئېقىن يۈز بېرىپ، 300 مېتىردىن ئارتۇق لىنىيەنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چەقاردى، بىر يۈك پويىزىنىڭ 16 ۋاگونى زىيانغا ئۇچرىدى، بەش يولۇچىلار پويىزى يېرىم يولدا ۋاقىتلىق توختاپ قالدى، 6108 يولۇچى تۇرۇپ قالدى، تۆمۈريولنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەسى قىسمەن زىيانغا ئۇچرىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

## باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز يۈەن لىي خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتى باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

## تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە خىزمەت تەدبىرىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ بىڭتۈەندە ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز شېن يۈەنگېڭ، جاڭ لىي خەۋەر قىلىدۇ: مەركەزنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتى باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)